# 65847 ـ نامازنىڭ پەرىز، ۋاجىب ۋە سۈننەتلىرى توغرىسىدا

## سۇئال

نامازنىڭ سۈننەتلىرى نېمىلەردىن ئىبارەت؟، بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئالللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا،ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابى كىراملارغا ئالللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

نامازنىڭ سۈننەتلىرى كۆپ بولۇپ، بۇ سۈننەتلەر ئاغزاكى سۈننەتلەر ۋە ئەمەلى سۈننەتلەر دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ. بۇ يەردە مەقسەت قىلىنىدىغان سۈننەتلەر، پەرز ـ ۋاجىبلاردىن باشقا سۈننەتلەرنى بىلدۈرىدۇ.

بەزى پىقھى ئالىملىرى ئاغزاكى سۈننەتنى 17 گە، ئەمەلى سۈننەتنى 55 گە يەتكۈزگەن، بۇ سۈننەتلەردىن بىرەرسى قەستەن بولسۇن ياكى سەھۋەن بولسۇن، تەرك قىلىنىدىكەن بۇنىڭ بىلەن ناماز بۇزۇلمايدۇ. ئەمما پەرز ـ ۋاجىبلار بۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ.

پەرز بىلەن ۋاجىبنىڭ ئارىسىدىكى پەرقلەر: "پەرز ئەمەللەر سەھۋەنلىك ياكى قەستەنلىك بىلەن بولسىمۇ تەرك قىلىنمايدۇ، بەلكى تولۇق ئادا قىلىنىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ۋاجىب بولسا ئۇنتۇلۇپ قالغاندا ساقىت بولىدۇ ۋە سەھۋەنلىك سەجدىسى بىلەنتولۇقلىنىدۇ.

بىز بۇ يەردە، سوئالغا مۇناسىۋەتلىك قىلىپ ئالدى بىلەن نامازنىڭ پەرز، ۋاجىبلىرىنى ئاندىن سۈننەتلىرىنى زىكىر قىلىمىز، بىز بۇ مەسىلىدە، ھەنبەلى پىقھى ئالىملىرى ئارىسىدا مەشھۇر بولغان "دەلىل ئەتتالىب" دېگەن كىتابنىڭ تېكىستىدىن بايان قىلىمىز.

### بىرىنچى: نامازنىڭ پەرزلىرى ئون تۆت بولۇپ، ئۇلار:

1–قادىر بولغان كىشىنىڭ پەرزدە قىيامدا تۇرۇشى.

2–ئالللاھۇ ئەكبەر دەپ تەكبىر ئېيتىپ نامازنى باشلاش.

3–پاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇش.

4-رۇكۇ قىلىش، ئەڭ تۆۋەن بولغاندا ئىككى ئالقىنى بىلەن ئىككى تىزىنى تۇتقىدەك ئېگىلىش، ئەڭ توغرىسى، دۈمبىسىنى تەپ-تۈز قىلىپ بىشىنى دۈمبىسىنىڭ باراۋىرىدە قىلىش.

5- رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرۈش.

6-راۋرۇس تىك تۇرۇش.

7-سەجدە قىلىش، ئەڭ توغرىسى، پىشانىسى، بۇرنى، ئىككى ئالقىنى، ئىككى تىزى، ئىككى پۇتىنىڭ بارماقلىرىنىڭ ئەتراپىنى سەجدە قىلىدىغان جايغا تەككۈزۈش، ئەڭ تۆۋىنى ھەر بىر ئەزانىڭ مەلۇم بىر قىسمىنى سەجدە قىلىدىغان جايغا تەككۈزۈش.

8-سەجدىدىن بىشىنى كۆتۈرۈش.

9- ئىككى سەجدىنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرۇش، قانداق شەكىلدە ئولتۇرسا دۇرۇس بولىدۇ، سۈننەت بويىچە، سول پۇتىنى يىيىپ، ئوڭ پۇتىنى تىكلەپ ئولتۇرۇش، پۇتىنىڭ ئۇچىنى قىبلە تەرەپكە يۈزلەندۈرۈش.

10-ھەر بىر ئەمەلنى ئالدىرماي تولۇق ئادا قىلىش.

11- ئاخىرىقى تەشەھھۇت.

12- سالام بىرىش ئۈچۈن ئاخىرىقى تەشەھھۇتتا ئولتۇرۇش.

13-ئىككى تەرەپكە سالام بىرىش، ناماز ئوقۇغۇچى ئىككى قېتىم: ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھ دېيىش، نەپلە ناماز ۋە جىنازا نامىزىدا بىر تەرەپكە سالام بەرسە كۇپايە قىلىدۇ.

14-يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان ئەمەللەرنى تەرتىپ بىلەن ئىلىپ بىرىش، ئەگەر رۇكۇ قىلىشتىن ئىلگىرى قەستەن سەجدە قىلسا نامىزى بۇزىلىدۇ، ئەمما سەھۋەنلىكتىن قىلغان بولسا قايتىدىن رۇكۇ قىلىپ ئاندىن سەجدە قىلىدۇ.

## ئىككىنچى: نامازنىڭ ۋاجىبلىرى سەككىزدۇر:

1-ناماز باشلاش تەكبىرىدىن باشقا تەكبىرلەر. (رۇكۇ ۋە سەجدىدىكى تەكبىرلەر).

2- ئىمام ۋە يالغۇز ناماز ئوقۇغۇچى سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدە دېيىش.

3-رەببەنا ۋەلەكەل ھەمدۇ دېيىش.

4- ئاز بولغاندا رۇكۇدا بىر قېتىم سۇبھانە رەببىيەل ئەزىم دېيىش.

5- ئاز بولغاندا سەجدىدە بىر قېتىم سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا دېيىش.

6-ئىككى سەجدىنىڭ ئارىسىدا: رەببىغ فىرلى دېيىش.

7-ئەۋۋەلقى تەشەھۇت.

8-ئەۋۋەلقى تەشەھھۇت ئۆچۈن ئولتۇرۇش.

## ئۈچىنچى: نامازنىڭ ئاغزاكى سۈننەتلىرى 11 بولۇپ، ئۇلار:

1- ناماز باشلاش تەكبىرىدىن كېيىن: سۇبھانە كەللاھۇممە، ۋەتەبارەكەسمۇكە، ۋە تەئالا جەددۇكە، ۋە لا ئىلاھە غەيرۇكە" دېگەن ئاچقۇچ دۇئاسىنى ئوقۇش.

2-ئەئۇزۇ بىللاھى مىنەششەيتانىر رەجىيم دېيىش.

3-بىسمىللاھىررەھمانىررەھىيم دېيىش.

4- پاتىھەدىن كېيىن ئامىين دېيىش.

5-پاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن يەنە بىر سۈرە ئوقۇش.

6- ئىمام بامدات، شام ۋە خۇپتەن نامىزىدا قىرائەتنى ئاشكارا قىلىش.

7-رۇكۇدىن تۇرۇپ رەببەنا لەكەل ھەمدۇ دەپ بولغاندىن كېيىن: مىلئۇسسەماۋاتى، ۋە مىلئۇلئەردى، ۋە مىلئۇ ما شىئتە مىن شەيئىن بەئدۇ دېگەن دۇئانى ئوقۇش.

8-رۇكۇدا سۇبھانە رەببىيەل ئەزىمنى ئۈچ قىتىم ياكى بەش قېتىم ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك دېيىش.

9- سەجدىدە سۇبھانە رەببىيەل ئەئلانى ئۈچ قېتىم ياكى بەش قېتىم ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك دېيىش.

10-ئىككى سەجدىنىڭ ئارىسىدىكى رەببىغ فىرلى دېگەن دۇئانى بىر قېتىمدىن كۆپرەك دېيىش.

11- ئاخىرقى تەشەھھۇتتا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت-سالام يوللاش ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن دۇئا قىلىش.

**تۆتىنچى: ئەمەلى سۈننەتلەر، يەنى نامازنىڭ ھەيئەتلىرى:**

1–ناماز باشلاش تەكبىرى بىلەن بىرگە ئىككى قولىنى كۆتۈرۈش.

2– رۇكۇ قىلىدىغان ۋاقىتتا تەكبىر بىلەن ئىككى قولىنى كۆتۈرۈش.

3– رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە يەنە ئىككى قولىنى كۆتۈرۈش.

4–ئۇنىڭدىن كېيىن قولىنى چۈشۈرۈۋېتىش.

5–ئوڭ قولىنى سول قولىنىڭ ئۈستىگە قويۇش.

6– نامازدا تۇرغاندا سەجدە قىلىدىغان جايغا قاراپ تۇرۇش.

7– قىيامدا تۇرغاندا ئىككى قەدىمىنىڭ ئارىسىنى ئېچىپ تۇرۇش.

8–رۇكۇ قىلغان ۋاقىتتا قولىنىڭ بارماقلىرىنىڭ ئارىسىنى ئېچىپ ئىككى قولى بىلەن ئىككى تىزىنى چىڭ تۇتۇش، دۈمبىسىنى تەپ–تۈز قىلىش، بېشىنى دۈمبىسىنىڭ باراۋىرىدە تۈز قىلىش كېرەك.

9– ئىككى تىزىدىن باشقا سەجدە قىلىدىغان ئەزالىرىنى يەرگە تەككۈزۈش، بىۋاستە سەجدە قىلىدىغان جايغا تەككۈزۈش.

10–ئىككى بىلىكىنى ئىككى بىقىنىدىن ئايرىش، قورسىقىنى يوتىسىدىن ئايرىش، يوتىسىنى پاچىقىدىن ئايرىش، ئىككى تىزىنىڭ ئارىسىنى ئايرىش، ئىككى قەدىمىنى تىك تۇتۇش، ئىككى پۇتىنىڭ بارماقلىرىنىڭ ئارىسىنى ئايرىپ يەرگە قىلىش، ئىككى ئالقىنىنىڭ بارماقلىرىنىڭ ئارىسىنى ئايرىپ ئىككى قولىنى ئىككى تىزىنىڭ باراۋىرىدە قويۇش.

11–ئىككى سەجدىنىڭ ئارىسىدا ۋە دەسلەپكى تەشەھھۇتتا سول پۇتىنى يېيىپ ئوڭ پۇتىنى تىكلەپ ئولتۇرۇش، ئاخىرقى تەشەھھۇتتا ئىككى پۇتىنى بىر تەرەپتىن چىقىرىپ، كاسىسىنى يەرگە قويۇپ ئولتۇرۇش.

12–ئىككى سەجدىنىڭ ئارىسىدا قولىنىڭ بارماقلىرىنىڭ ئارىسىنى ئېچىپ، ئىككى يوتىسىنىڭ ئۈستىدە قويۇش، تۇشەھھۇتتىمۇ شۇنداق قىلىش كېرەك، ئەمما تەشەھھۇتتا ئاللاھ تائالانى زىكىر قىلىنغاندا، چىمچىلەك بىلەن ياندىكى بارمىقىنى چىڭ يىغىدۇ باش بارمىقى بىلەن ئوتتۇرا بارمىقىنى يۇمۇلاق قىلىدۇ، كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئىشارەت قىلىدۇ.

13–سالام بەرگەندە ئوڭ تەرەپكە ۋە سول تەرەپكە قارايدۇ.

بىز يۇقىرىدا بايان قىلىنغان پەرز، ۋاجىپ، سۈننەت ئەمەللەرنىڭ ئارىسىدا پىقھى ئالىملىرىنىڭ قارىشىدا ئىختىلاپ بار، بىر ئىش

بىر مەزھەپتە ۋاجىب بولسا، يەنە بىر مەزھەپتە سۈننەت ھېسابلىنىدۇ، بۇ پىقھى كىتابلىرىدا تەپسىلى بايان قىلىنغان.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.